# گۇۋاھچىنىڭ باياناتى

## ئۆمەر بېكئالى

1. مېنىڭ ئىسمىم ئۆمەر بېكئالى، مەن 1976 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ پىچان ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلدىم. مېنىڭ ئانام ئۇيغۇر، دادام قازاق. مەن ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 2006 - يىلى، ۋەتەندىكى تەڭسىزلىكلەر ۋە ئېزىلىشلار سەۋەبىدىن قازاقىستانغا كۆچكەن ھەم قازاق پۇقراسى بولغان. پاسپورتۇمدا مىللىتىم قازاق دەپ يېزىلغان ۋە مەن خىتايدىكى نوپۇسۇمنى تولۇق ئۆچۈرۋەتكەن. شۇنىڭدىن بۇيان، مەن پات — پات بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تىجارەت ئىشلىرى سەۋەبلىك بېرىپ كېلىپ قاتناپ يۈرگەن ئىدىم.

2. 2017 - يىلى 23 - مارت كۈنى، خىتاي ساياھەت شىركەتلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ئاستانا ئېكسپوغا مۇناسىۋەتلىك بىر چوڭ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە باردىم. ئىككى كۈنلۈك يىغىندىن كېيىن، بىر كۈنلۈك ئاتا-ئانامنى يوقلاش ئۈچۈن پىچانغا باردىم. 26 - مارت كۈنى ئەتىگەن سائەت ئوندا، بەش ساقچى ئىككى ساقچى ماشىنىسىدا كەلدى. ئۇلاردا ھېچقانداق يازما ھۆججەتلەر يوق ئىدى. ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ پەقەت ئاتا- ئانامنى يوقلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى ۋە ئەتىسى ئالمۇتاغا قايتىشنى پىلانلىغانلىقىمنى چۈشەندۈردۈم. ئۇلار، ماڭا مەن بىلەن سۆزلەشكۈسى بار ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ يېرىم سائەتتىن ئۇزۇنراق داۋاملىشىدىغانلىقىنى دېدى. مېنى دىغار ساقچىخانىسىغا ئېلىپ باردى. بىز ئىككى سائەتتەك سۆزلەشتۇق. ئارلىقتا ئاياللىمغا تېلېفوندا ساقچىدا ئىكەنلىكىمنى بىلدۈردۈم. بىر ئازدىن كېيىن تېلېفونمنى ئاپتوماتىك توختىتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم بىلەن ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىم بولمىدى. كومپيۇتېرسىدىن قاراماي جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ تۇتۇش بۇيرىقى بارلىقىنى كۆرسەتتى.

3. ماڭا كويزا سېلىندى ۋە بېشىمغا قارا خالتا كەيگۈزۈلدى. ئۇلار بۇنىڭ بەلگىلىمە ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممە كىشىگە مۇشۇنداق قىلىنىدىغانلىقىنى دېدى. ئۈچ ساقچى مېنى دوختۇرخانىدەك بىر يەرگە ئېلىپ باردى. بېشىمغا قارا خالتا كەيگۈزىكلىك ھالەتتە پۈتۈن بەدىنىمنى تەكشۈردى. قان ئالدى، سۈيدۈك ئەۋرىشكىسى ئالدى. ئاندىن مېنى كارىۋاتقا ياتقۇزدى. ئۇلار بەدىنىمنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىغا سوغۇق مەلھەمدەك نەرسىنى سۈركىدى، بۇنىڭدىن مەن ئۇلتىرا ئاۋاز ئاپپاراتى ئارقىلىق تەكشۈردى، دەپ ئويلىدىم. ئۇلارنىڭ مېنىڭ تەكشۈرىشىم توغرىلىق گەپ قىلىشقىنىنى ئاڭلىيالىدىم، ئەمما ھېچنىمنى كۆرەلمىدىم. ئۇلار قورسىقىمنى يېرىپ، ئورگانلىرىمنى ئېلىۋالارمۇ دەپ بەك قورقۇپ كەتتىم. ئۆپكەمنىمۇ تەكشۈردى. بۇ تەكشۈرۈشلەر ئىككى سائەتتەك داۋام قىلدى. بۇ تەكشۈرۈشلەردىن كېين، مېنى ساقچىخانىغا ئېلىپ باردى ۋە كۆزۈمگە قارىتا كۆرۈش سىنىقى ئېلىپ باردى. ئۇلار ماڭا ئوڭغا، سولغا، ئاستىغا ۋە ئۈستىگە قاراشقا بۇيرىغاندا، كۆزۈم ئوچۇق تۇردى. ئۇلار كۆزۈمنىڭ كۆرۈش پەردىسىنى رەسىمگە تارتقان بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن كېين، ئۇلار مېنىڭ بارماق ئىزىمنى ئالدى ۋە ئاۋازىمنى ئۈنگە ئالدى. بۇ جەريانغا يەنە بىر سائەتتەك ۋاقىت كەتتى.

4. ئۇلار مېنى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ بارغاندا، كەچ سائەت سەككىزلەر بولغان ئىدى. ماڭا مەھبۇسلار كىيىمى كەيگۈزدى ۋە 13 ياش ئەر بار بىر كامېرىغا سولاپ قويىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار بولۇپ، كىشەنلەنگەن ئىدى. مەنمۇ كىشەنلەنگەن ھالدا ئۇ يەردە سەككىز كۈن ياتتىم. ئاخىرقى كۈنى قاراماي‌دىن بىرى ئۇيغۇر، ئىككىسى خىتتاي بولۇپ، ئۈچ ساقچى مېنى سوراق قىلىش ئۈچۈن كەلدى. ئۇلار، ماڭا مېنىڭ كىشىلەرگە ۋىزا ئىلتىماس قىلىش توغرىلىق ياردەم بەرگەنلىكىمنى ۋە پاسپورت ئېلىپ بېرىمەن دەپ پۇل ئالغانلىقىمنى سورىدى، ھەم مەن توغرىلىق قارامايدا تېخىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى دېدى.

5. 3 - ئاپرىل، مېنى پىچان ناھيەسىدىن قارامايغا قولۇمدا كويزا، پۇتۇمدا كىشەن بىلەن ئېلىپ باردى. ماشىنىدا كۆڭلۈم ئېلىشىپ بىئارام بولغانلىقىم ئۈچۈن، بېشىمدىكى قارا خالتىنى ئېلىۋەتتى. مېنى جەرەنبۇلاق ساقچىخانىسىغا ئېلىپ باردى ۋە يەر ئاستى كامېرغا بىر قولۇمنى تۆمۈر رىشاتكىسىغا ئىگىز قىلىپ كىشەنلەپ، سولاپ قويىدى. ئەتىسى لىيۇ فامىلىلىك بىر خىتتاي ساقچى باشلىقى مېنى سوراق قىلدى. ئۇنىڭ ماڭا، "قازاقىستان مېنىڭ بىر *** نېمەمگە تەڭ" دېگەن گېپىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن. مېنىڭ ھايات كەچمىشلىرىم توغرىلىق سورىدى. مەن يوشۇرىدىغان ھېچنەرسەم بولمىغاچقا، ئۇلارغا ھەممىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار، مەندىن قايسى تەشكىلات بىلەن ئالاقەڭ بار ؟ بۇ دۆلەتكە كىرىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە ؟ قارامايدىكى كىشىلەرنى قانداق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىدىڭ ؟ كىشىلەرگە قانداق قىلىپ قارامايدىن تۈركىيە، سۈرىيە ۋە ياۋرۇپاغا كېتىش توغرىلىق ياردەم بەردىڭ ؟ شۇنداقلا تەشكىلاتلارغا پۇلنى قانداق ئۇسۇل بىلەن بەردىڭ ؟ دەپ توختىماستىن سوراۋەردى. تۆت كېچە كۈندۈز ئەڭ ۋەھشى قىيىن قىستاقلارغا ئۇچرىدۇم. يەنى يولۋاس ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇدى. تورۇسقا ئېسىپ قويىدى. تامغا باغلاپ ، رېزىنكە، ياغاچ، توك كالتەكلەر ۋە سىم قامچا بىلەن ئۇردى. تىرناقلىرىمغا يىڭنىلەرنى سانچىدى. پەقەت يولۋاس ئورۇندۇققا

ئۇلتۇرغۇزغاندىلا ئون، ئونبەش مىنۇت ئۇخلاشقا پۇرسەت بولاتتى، بولمىسا ئۇخلاتمايتتى. مېنى تىرورلۇقتا قۇتراتقۇلۇق قىلغان، تىرورلۇق پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىگەن ۋە تىرورىستلارنى قانات ئاستىغا ئالغان، دىگەن ئۈچ گۇناھنى بويىنۇمغا ئېلىشقا قىستىدى. مەن ھەممىسىنى رەت قىلدىم.

6. 7- ئاپرىل يەنە دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تولۇق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئاندىن قارامايى شەھەرلىك لاگىرغا ئېلىپ بېرىپ، 209 نومۇرلۇق كامېرغا سولىدى. ئىچىدە 35 دەك ئادەم بار ئىدى. 18 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئارىسىدا يەتتىسىنى ئىشكەل بىلەن كارۋاتقا باغلاپ قويۇپتۇ. مەن سەككىزىنچى بولۇپ، ئوخشاش ھالەتتە ئىشكەل بىلەن كارۋاتقا باغلاندىم. قالغانلارنىڭ پۇت قولىدا كىشەن. 16 - ئىيۇلغىچە، ئۈچ ئاي ئون كۈن كېچە كۈندۈز شۇ ھالەتتە ياشاشقا مەجبۇر بولدۇم. سىرتقا چىقىپ ساپ ھاۋا ئېلىش يوق، يۇيۇنۇش يوق. 16 - ئىيۇلدىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ پۇت قولىغا يەتتە كىلوگراممىلىق ئېغىرلىقتىكى كىشەنلەرنى سالدى. بىزنىڭ ھىچقانداق ھوقوقىمىز يوق ئىدى. ماڭا نە ئادۋوكات، نە كونسۇلخانا، نە ئاتا-ئانام بىلەن ئالاقىلىشىش ھوقوقى بېرىلمىدى. ھايۋاندىنمۇ بەتتەر مۇئامىلىگە ئۇچرايتتۇق. تاماق بەك ناچار ئىدى. موما، گۈرۈچ سۇيى، كەرەپشە سۇيىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. قىزىل ناخشىلارنى ئېيتقۇزاتتى، سىياسى دەرسلەرنى توختىماي ئۆگىتەتتى. قائىدە بويىچە بۇ كىچىك كامېردا ئون ئىككى ئادەم تۇرۇشى كېرەك. ئەمما ئوتتۇز بەشتىن قىرىققىچە كىشى ياتىمىز. 16 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغانلاردىن، ھەر ھەپتىدە بىر كامىردىن يەتتە، سەككىز ھەتتا ئوندەكلىرى ئىز دېرەكسىز يوقاپ كېتەتتى. ئايدا بىر قان ئالاتتى، قولىمىزنى چىقىرىپ بېرەتتۇق. قانچىلىك ئالغىنىنى بىلمەيتتۇق. قان ئېلىش ئون بەش، يىگىرمە مىنۇتقىچە داۋاملىشاتتى. بىر ئاي ئۈچ كۋادرات مېتىرلىق يالغۇز كىشىلىك كامېرغا سولاپ قويىدى.

7. بۇ يەرگە تەربىيلەشكە ئەمەس، ئۆلتۈرۈشكە ئەكەلگەن دەپ ئويلىدۇم. ياندىكى كامېردىكى يۇنۇس ئابلىز دىگەن كىشى قاتتىق قىيىن قىستاقتا ئۆلۈپ، ئۆلۈكنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولۋاسنىڭ 26 ياشلىق جىيەن ئوغلىمۇ لاگىردا قىيىن قىستاقتا ئۆلدى. بۇ ئىشتىن كېيىن لاگىر بىر ئايغىچە جىمىپ كەتتى.

8. ئايالىمنىڭ قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا خەت يېزىپ، مېنى سۈرۈشتە قىلىشلىرى، ئاخبارات ۋاستىلىرىگە سۆزلەشلىرى، تۇرپاندىكى ئانام بىلەن سىڭلىمنىڭ قازاقىستان كونسۇلىغا بېرىپ، مەندەك بىر قازاقىستان پۇخراسىنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ سەۋەپلىرىنى سوراشلىرى نەتىجىسىدە، 7- ئاينىڭ ئاخىرى، قازاقىستاننىڭ بېيجىڭ ئەلچىخانىسىدىن بىر دىپلومات، ئۈرۈمچىدىكى يەنە بىر دىپلومات بىلەن بىللە مېنى كۆرگىلى كەلدى. پۇت-قولۇمدىكى ئىشكەللەر ۋاقىتلىق ئېلىۋېتىلدى. ئورنۇمدىن تۇرغاندا تەڭپۇڭلۇقىمنى ساقلىيالماي، خۇددى مەست بولۇپ قالغان ئادەمدەك دەلدەڭشىپ ماڭدىم. بىز بىر يېرىم سائەتتەك پاراڭلاشتۇق. ئۇلار ماڭا مېنىڭ تۇتۇلغاندىكى ھوقۇقلىرىم ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمنى چۈشەندۈردى. تۇتقۇن قىلغانلارنىڭ مېنى قىيناش ياكى ئەمگەككە سېلىش ھوقۇقىنىڭ يوقلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ناۋادا مەن ئاغرىپ قالسام، ئۇلارنىڭ مېنى داۋالىتىشىنىڭ زۆرۈرلىكى ھەم ئۇلارنىڭ ماڭا كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماق بېرىشى كېرەكلىكىنى دېدى.

9. 4 - نويابىر، مېنىڭ كېپىللىككە قويۇپ بېرىلىشىمنىڭ شەرتلىرى يېزىلغان بىر ھۆججەتكە ئىمزا قويۇشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن بۇ دوزاقتەك يەردىن ئايرىلىش ۋە سىرتتىقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشقا شۇنداق ئىنتىزار بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇ ھۆججەتكە ئىمزا قويدۇم. ئاندىن مېنى يەنە بىر يىغىۋېلىش لاگىرىغا ئېلىپ باردى. مەن ئۇ يەردە 20 كۈن ياتتىم. « ساقچىلار ئۇ يەرنىڭ تامىقى ياخشى، ئازراق ئەسلىڭگە كېلىۋال» دىگەن ئىدى. چۈنكى ئېغىرلىقىم 115 كىلوگرامدىن 60 كىلوغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئەملىيەتتە بۇ يەرنىڭ تامىقىمۇ كۆپ پەرقلەنمەيتتى.

10. بۇ يىغىۋېلىش ئورنى ئا، ب ۋە س دەپ ئۈچ رايونغا بۆلۈنگەن. مەن باشقا 2000 دىن ئارتۇق كىشى بىلەن بىللە س رايوندا تۇردۇم. دەسلەپكى بىر ھەپتىدە تاماقتا بىللە چىقتۇق. كېيىنكى ھەپتىدىن باشلاپ، سەۋەبىنى بىلمىدۇق، ئەمما سىرتقا چىقىشىمىز چەكلەندى. 14 دىن 16 گىچە ئادەم سىغدىغان22 كۋادىرات مېتىرلىق كامېردا 45 دىن 50 كىچە ئادەم تۇردۇق. كامېرنىڭ ئىچىگە كامېرالار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار بىزنى داۋاملىق كۈزۈتۈپ تۇراتتى. پات پات قان ئالاتتى. نامەلۇم دورىلارنى يىگۈزەتتى. بەدەنلىرىدە ئۆزگىرىش بولغان، مەسىلەن ئۆسمە ئۆسۈپ قالغانلارنى يۆتكەپ كېتەتتى. ئوخشاشلا 16 دىن 40 قىچە بولغان ياشلار يوقاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سودىگەرلەر، كادىرلار ۋە خىزمەتچىلەر بار ئىدى. مەسىلەن: ئاتاۋۇللا ئىسىملىك ئادۋوكات، 2- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تاھىر مۇئەللىم قاتارلىقلار. ھىچقايسىسىنىڭ گۇناھى يوق. باھانىلەر بولسا، ئەشەددىي ئىدىيەسى بار، تېرورلۇق قىلماقچى بولغان، تىزىملىكتىكى 26 دۆلەتكە چىققان، پاسپورت بېجىرگەن دىگەندەك. 16 ياشتىن 70، 60 ياشقىچە بولغانلار بار ئىدى. بۇ جەرياندا 5، 4 كامېرغا يۆتكىدى. كۆنلەپ ئاچ قويغان ۋاقىتلىرى بولدى. چىقىپ كېتىشتىن 5، 4 كۈن بۇرۇن، تاھىر مۇئەللىمنى زەمبىلدە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

11. مەن ھەتتا تۇتۇلغانلار ئىچىدە پۈتۈن بىر ئائىلىنى، يەنى دادا ۋە بالىنى كۆردۈم. ھۆكۈمەت خىزمەتچىللىرى بولسا ئىككى يۈزلىمچىلىك بىلەن ئەيىبلەنگەنلەر بولۇپ، بۇ باشقىلارنى ئەيىبلەيدىغان ئەڭ قولاي ئەيىبلەش ئىدى. بەزى تۈرمە جازاسىنى تۈگەتكەنلەر يەنە ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە ئەپكېلىنگەن ئىدى. بىر قېتىم مەن ئۇ يەردىكى كادىرلارنىڭ ئەمدى ئەدلىيە، قانۇن سىستېمىلىرىدا ئىشلىگەنلەرنى ئەكىلىدىغان ۋاقىت كەلدى، دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم. دوختۇرلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئادۋۇكاتلار تۇتۇلۇشقا باشلىغان ئىدى. بۇ يىغىۋېلىش لاگىرىدا پەرىزىمچە ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشى بار بولۇپ، تەخمىنەن %70 تىن %80 گىچە ئۇيغۇرلار ۋە %20 دىن %30 گىچە قازاقلار ئىدى.

12. بۇ يىغىۋېلىش ئورنىدا، بىز كېچە سائەت 12 دىن ئەتىگەن سائەت 6 گىچە ئۇخلايمىز. سەھەردە تۇرغاندا، ھەممە كارىۋاتلار ھەربىيچە ئۇسۇلدا يىغىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساق، "ئىددىيىسىدە مەسىلە بار" دەپ قارىلىدۇ. سائەت 7:30 دە، بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىمىز. يۈز-كۆزىمىزنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، "كوممۇنىست پارتىيە بولمىسا، يېڭى خىتاي بولمايتتى"، "سوتسىيالىزىم ياخشى" دېگەندەك قىزىل ناخشىلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن ناشتا قىلىمىز. تاماق يېيىشتىن بۇرۇن، بىز چوقۇم "پارتىيەگە رەھمەت، دۆلەتكە رەھمەت، شى رەئىسكە رەھمەت، ئۇنىڭغا ساغلاملىق تىلەيمەن؛ شى رەئىسنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ۋە ياش تۇرۇشىنى تىلەيمەن." دېگەندەك مەدھىيەلەرنى دېيىشىمىز كېرەك. ئۇ يەردە قاتنىشىدىغان دەرسلەر پارتىيەنىڭ قائىدە -تۈزۈملىرى ۋە قىزىل ناخشىلار ئىدى. ھەممە دەرسلەر خىتتاي تىلىدا بولۇپ، ھەر ھەپتىسى بىر قېتىم ئىمتىھان ئېلىناتتى. دەرسلەر جەريانىدا، ئۇلار سوت ئېچىلغان ۋە كىسىم كېسىلگەن دىلولاردىن خەۋەرلەندۈرەتتى. بۇ بىزنى قورقۇتۇش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى قائىدە - تۈزۈمگە بويسۇنماي قالساق قانداق ئېغىر جازالارغا ئۇچرايدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قويىدىغان بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى. مەن ئۇ يىغىۋېلىش لاگىرىدىكى ۋاقىتتا، بىرەرسىنىڭ ئۇ يەردىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرمىدىم. ئۇ يەردىكى كادىرلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ قايتا تەربىيلەش جەريانىنى تاماملاش ئۈچۈن، ئاز دېگەندىمۇ بەش يىل كېتىدىكەن. تۇرىۋاتقىلى ئىككى يىل بولغان بالىلار بار ئىدى. گۇندىپايلارنىڭ قوللىرىدا ياغاچ كالتەك بار بولۇپ، ئەگەر بويسۇنماسلىق ئىپادىسىدە بولۇپ قالساق، ئۇلار شۇ ھامان قاتتىق ئۇراتتى.

13. قارامايدا يەنە ئىككى ياكى ئۈچتەك لاگىرلارنىڭ بارلىقىنى، يەنە بىرنى چوڭ قىلىپ سېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن يەنە خىتتاي بولمىغان يەرلىك مىللەت كادىرلىرىغا، ئۇلارنىڭ ئىددىيەسىنى توغرىلاش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ چوقۇم قايتا تەربىيلەشنى تاماملىشىنىڭ لازىملىقىنى دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. كادىرلار قول ئاستىدىكىلەرگە بۇنىڭ مەركىزى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرىلگەن يوليۇرۇق ئىكەنلىكىنى ۋە ھېچكىمنىڭ رەت قىلىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

14. كىرىپ يەتتە كۈن بولغاندا، تەلەپ قىلىپ يۈرۈپ، پەقەت بىرلا قېتىم يۇيۇنۇۋالغان بولدۇق. مۇنچىنىڭ ئىچى سىرتى ھەممە يېرىدە كامېرالار بار ئىدى. دەل مەن ئايرىلىشتىن بۇرۇن گەرچە ئىشكلەر ئاپتوماتىك تاقىلىدىغان بولسىمۇ، يەنە قۇلۇپ ۋە زەنجىرلەر بىلەن تاقاپ قويىدى. مەن بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبنى بىلمىدىم. ئاغرىپ قالساق داۋالىمايتتى. قاتتىق تاياقتىن دىلشات سېتىۋالدى دەپ بىر كامېردىشىمنىڭ بۆرىكىدە مەسىلە پەيدا بولغان بولۇپ، قان سىيەتتى. ئالىم ئاۋۇت ئىسىملىك بىر كامېردىشىم ئېغىر گومۇرۇي بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىنى داۋالىمىغان ئىدى. قان بېسىمىم بەك ئۆرلەپ كەتكەندىن كېيىن، ماڭا دورا بەردى. بەلكىم چەتئەل پۇقراسى بولغىنىم ئۈچۈن بولسا كېرەك.

15. مەن ئۇلاردىن مېنى سوتلىشىنى، ياكى ئېتىۋېتىشىنى، بولمىسا بۇ يەردىن چىقىرىۋېتىشىنى توختىماي تەلەپ قىلدىم. بەك جىق جازاغا ئۇچرىدىم. بىرىنچى خىلى، ساقچىلار ھارغۇچە ئۇرغاندىن كېيىن، تامغا قارىتىپ 24 سائەت تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. ئىككىنچى خىلى، تاياقتىن كېيىن، يولۋاس ئورۇندۇققا 24 سائەت ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ. ئۈچىنچى خىل جازا، يالغۇز كىشىلىك كامېردا 24 سائەت ئاچ قالدۇرۇش. تۆتىنچى خىلى، قەھرىتان قىشتا، يالىڭاچ كالتە ئىشتان بىلەن سىرتتا تۇرغۇزۇپ قويۇش. بەشىنچى خىلىنى ماڭا ئىشلىتىپ باقمىدى، ئۇ ئەڭ ئېغىرى بولۇپ، سۇ تۈرمىسىدە بوينىغىچە سۇ ئىچىدە قالدۇرۇش. نۇرغۇنلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. يالغۇز كامېرغا سولىغاندا، بىر كۈن تاماق بەرمەي ،ئاخىرى مەن بىللە تۇرغان كامېردىكى باشقا تۇتقۇنلار بەرگەن بەش ئالتا قوشۇق تاماقنى بەردى. كېيىن كامېرداشلىرىم ھەيران قېلىپ، تاماقلىرىدىن تەخسىنى تولدۇرۇپ ئەۋەتكەنلىكىنى دېدى. شۇندىلا مەن ساقچىنىڭ ئۇلار ماڭا ئەۋەتكەن تاماقنىڭ كۆپ قىسمىنى تۆكۈۋەتكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم.

16. 24- نويابىر مېنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەن ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىمدىن ماڭالماي قالغان ئىدىم. مېنى سىڭلىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى. ئەتىسى 320 يۈەنگە 15 كۈنلۈك ۋىزىنى بەردى، ھەم ماڭا، ئۆلۈپ كەتمىگىنىڭگە خوش بول. ئاتا-ئاناڭ، قېرىنداشلىرىڭ ۋە ئايالىڭنىڭ قېرىنداشلىرى مۇشۇ يەردە ئىكەن، شۇلارنى ئويلاپ قازاقىستانغا چىرايلىقچە چىقىپ كەت ،دەپ تەھدىت سالدى. بۇنى دېگەن قىز ساقچىنىڭ ئىسمى ۋاڭ شياۋ مى. قارامايدا ئىككى كۈن تۇرۇپ ئازراق ئەسلىمگە كەلگەندىن كېيىن، پىچاندىكى ئاتا ئانامنىڭ يېنىغا باردىم.

17. مەن ئاتامغا بېيجىڭغا بارىمەن، بۇ ئەھۋاللارنى دەيمەن دىدىم. چۈنكى مەن بۇ بۇيرۇقلارنىڭ مەركەزدىن، شى جىن پىڭ دىن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئاتام ماڭا پايدىسى يوقلىقىنى، قازاقىستاندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دىيىشىم كېرەكلىكىنى دىدى. ئاتا- ئانام ئۆزلىرىگە خەۋپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما «بىز ياشايدىغىنىمىزنى ياشاپ بولدۇق، بۇ ناھەقچىلىقنى چوقۇم ئاشكارىلا» دىدى. تاموژنىغا بارغاندا ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن چۈشتىن كېيىن ئۈچكىچە، تاماق ياكى سۇ يوق، يەنە سوئال سوراققا ئالدى. تەھدىتلەرنى سالدى.

18. قازاقىستانغا چۈشۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، يۈز باش قىسمىم ئوپېراتسىيە قىلىندى. ئاتا يۇرت تەشكىلاتىغا 11 - دېكابىر تۇنجى بولۇپ قازاق خەلقىنى خىتاي زۇلۇمى ۋە قانۇنسىز ئادەم تۇتقۇن قىلىش، گۇناھسىز ئۆلۈم لاگىرلىرىغا قاماش ھەم سوتلاش ئادالەتسىزلىككە قارشى مەيدانغا چىقىشىغا چاقىرىق قىلدىم. 2017 - يىلى 27 - دېكابىر ئازاتلىق رادىئوسى زىيارەت قىلدى. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا سۆزلىدىم. بىرلەشمە ئاگىنتلىقىنىڭ مۇخبىرى جېررېي ۋاڭ 2018 - يىلى 8 - مارت بېيجىڭدىن ئالاقە قىلدى. 9 - مارت سىڭلىمنى تۇتۇپ كەتتى. 16 - مارت ئانامنى تۇتۇپ كەتتى. كېيىن ئۇ قازاقىستانغا كېلىپ مېنى يەتتە كۈن ئۇدا زىيارەت قىلدى. 17 - ماي خەۋەر دوكلاتى ئېلان قىلىنىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن، بىر ئورۇس ۋە بىر قازاق قازاقىستان بىخەتەرلىك خادىملىرى ئۆيۈمگە كېلىپ، تولۇق ئاختۇرۇش ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىخەتەرلىكىمدىن ئەنسىرەپ، 20 - ماي تۈركىيەگە قېچىشقا مەجبۇر بولدۇم. تۆت ئايدىن كېيىن، ئائىلەمدىكىلەرنى تۈركىيەگە ئېلىپ كېلەلىدىم. بەزى قازاقىستاندا ئوچۇق دىيەلمىگەن تەپسىلاتلارنى تۈركىيەدە ئاخباراتقا دىيەلىدىم. چۈنكى قازاقىستاندا بىخەتەرلىكىم بەك كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. 2018 - يىلى نويابىردا ياپونىيەگە باردىم. 11 كۈن زۇلۇملارنى ئاڭلاتتىم. كېيىن چېخىيەگە تەكلىپ بىلەن كېلىپ، خىتاي لاگىرلىرىدىكى كەچمىشلىرىمدىن دوكلات بەردىم. 2019 - يىلى مارتتا گوللاندىيەگە ۋىزا بىلەن كەلدىم. 17 - مارت شۋېتسارىيە جەنۋەدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دوكلات بەردىم. گېرمانىيە، گوللاندىيە، شىۋېتسىيەلەردە دوكلاتلارنى بەردىم. تۈركىيەدە ئۆزۈمنى بىخەتەر ھىس قىلمىغاچ، ھەم ياۋروپادىكى قېرىنداشلارنىڭ تەكلىۋى بىلەن، گوللاندىيەدە قالدىم. تېخى يېقىندا ئائىلەم بىلەن جەم بولدۇم.

19. مېنىڭ ھەركەتلىرىم تۈپەيلىدىن، خىتاي ئائىلەمگە زىيانكەشلىك قىلدى. ئاكام ئابدۇراخمان بەكرى، مىليونېر سودىگەر ئىدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستى قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. مېنىڭ سەۋەبىمدىن، لاگىرغا تاشلاپ، مېيىپ قىلىپ، ئۆيىگە ئېچىقىپ قويدى. ئانام، سىڭلىمنىمۇ لاگىرغا ئېلىپ بېرىپ، شۇ زۇلۇملارنى كۆرسەتتى. ئاتام 2018 - يىلى 24 - ئاپرېل قولغا ئېلىپ، 2018 - يىلى 18- سىنتەبىر قىيىن قىستاقتا ئۆلتۈرۈلدى. خىتاي بەلكىم بىر كۈنى مېنى ئۆلتۈرىۋېتىشى مۇمكىن. ئەمما مەن ئۆلۈمگە تەييار بولۇپ بولغان. جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، قېرىنداشلىرىم تارتىۋاتقان زۇلۇملارنى ئاڭلىتىشنى ۋە گۇۋاھلىق بېرىشنى توختاتمايمەن. ئىشىنىمەنكى ھەق ھامان بىر كۈن غەلىبە قىلىدۇ.

مەن بۇ گۇۋاھلىق باياناتىنى ئوقۇدۇم ۋە چۈشەندىم، مەزمۇنىغا قوشۇلىدىغانلىقىمنى جەزملەشتۈرىمەن.